# «بىر ئاز سانلىق مىللەتمۇ كەم قالسا بولمايدۇ»

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئىلگىرىكى «ئاسماندا قۇشقاچ ئۇچمايدىغان، يەردە ئوت ـ چۆپ ئۈنمەيدىغان، ھەممىلا يەردە قۇم ـ شېغىل ئۇچۇپ تۇرىدىغان» قۇرغاق قۇملۇق پۈتۈنلەي باشقىچە تۈسكە كىردى، مىننىڭ كەنتىنىڭمۇ دەرىجىسى ئۆسۈپ مىننىڭ بازىرى بولدى. بۇ قېتىم كەلگەندە، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئالايىتەن مىننىڭ بازىرىنىڭ يېقىنقى ئەھۋالىنى سورىدى.

بۇ قېتىمقى سەپەردە، باش شۇجى شى جىنپىڭ يەنە بىر ئېكولوگىيەلىك كۆچمەنلەر كەنتى، خۇاڭخې دەرياسى قىرغىقىدىكى يېڭى كەنت ــ خۇڭدې كەنتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

بۇ كەنت ۋۇجۇڭ شەھىرى خۇڭسىباۋ رايونى خۇڭسىباۋ بازىرىغا جايلاشقان، نىڭشيانىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا. ئەسلىدە بۇ يەرمۇ قاقاس قۇملۇق بولۇپ، بوران چىقسا «قاچىدىكى تاماقنىڭ يېرىمى قۇمغا توشۇپ كېتەتتى.» 20 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدىن باشلاپ، دەرىجىمۇدەرىجە پومپا پونكىتلىرىغا تايىنىپ، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ سۈيى نەچچە يۈز مېتىر ئېگىزلىككە تارتىپ چىقىرىلىپ، بوستانلىق بەرپا قىلىندى.

خۇيزۇ ئاما ليۇ كېرۇيىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئەسلىدە شىخەيگۇدىكى «خىلۋەت تاغ»دا تۇرىدىغان بولۇپ، سەككىز يىل ئىلگىرى بۇ يەرگە كۆچۈرۈپ ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى.

باش شۇجى شى جىنپىڭ ئۇنىڭ ئۆيىگە كىلىپ مېھمان بولدى. ليۇ كېرۇي ھەمراھ بولۇپ باش شۇجىنى ئۆيىنىڭ ئىچى ـ سىرتىنى ئايلاندۇردى. ئىشىك ئالدىدا كالا قوتىنى بار بولۇپ، قورۇسى پاكىز، ياتاق ئۆيلىرى ئازادە، يورۇق ئىدى، يەنە پاكىز ئاشخانىسى بار ئىدى. ئاشخانىدا، باش شۇجى قازاننىڭ تۈۋىقىنى ئېچىپ، توڭلاتقۇنى ئېچىپ، جۈمەكنى بۇراپ، ناھايىتى تەپسىلىي كۆردى.

مېھمانخانىدا، ليۇ كېرۇيىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر باش شۇجىنىڭ يېنىدا چۆرىدەپ ئولتۇردى. ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەن، ئوغلى، كېلىنى، ئوغۇل ـ قىز نەۋرىسى بولۇپ ئالتە كىشىلىك بۇ ئائىلە ناھايىتى خۇشال ئىدى. باش شۇجى شى جىنپىڭ ئۇلاردىن يەنە قانداق قىيىنچىلىقى بارلىقىنى سورىدى. لاۋ ليۇ ھاياجانلانغان ھالدا باش شۇجىغا دوكلات قىلىپ: «ئىككى يىل بۇرۇنلا نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بولدۇق!» دېدى. ئۇ بارماقلىرىنى پۈككىنىچە بىر ـ بىرلەپ ھېسابلاپ بەردى:

مەن كەنت ئىگىزىدىكى سۇ كۆلچىكىگە قاراشقا مەسئۇل، خوتۇنۇم يېقىن ئەتراپتا پارچە ـ پۇرات ئىش قىلىدۇ، بىر يىلدا ئاز دېگەندىمۇ 30 ـ 20 مىڭ يۈەن تاپىمىز؛ ئوغلۇم، كېلىنىم يېقىن ئەتراپتىكى توقۇمىچىلىق زاۋۇتىدا ئىشلەيدۇ، يىلدا 60 ـ 50 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىدۇ؛ ئۆيدە ئۈچ تۇياق كالا باقتۇق، بىر يىلدا 10 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق ساپ پايدا ئالىمىز؛ يەنە يەر ئوبوروت ھەققى، كوپىراتىپقا پاي قوشۇش ھەققى بار... پۈتۈن ئائىلىمىزنىڭ يىللىق كىرىمى 100 مىڭ يۈەندىن ئاشىدۇ.

ليۇ كېرۇيىنىڭ چېھرىدە ئېرىشىش تۇيغۇسى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. كىرىم كۆپەيدى، چىقىم ئازايدى. يېقىن ئەتراپتا ئىشقا ئورۇنلىشىپ، سىرتقا چىقىپ ئىشلەمچىلىك قىلغاندىكى ياتاق خىراجىتى، تاماق خىراجىتى، قاتناش خىراجىتى تېجەپ قېلىندى. ئاشلىقنى ئۆزى تېرىيدۇ، كېسەل كۆرسەتسە يېزا يېڭىچە ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش سۇغۇرتىسى بار، باللار مەكتەپتە ئوقۇسا مەجبۇرىيەت مائارىپى بار. ئۇ باش شۇجىغا مۇنداق دېدى: «قانداقلا قىيىن ئىش بولسا كوممۇنىستىك پارتىيە يۇرتداشلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىدۇ، يۇرتداشلار پارتىيەنىڭ ياخشى سىياسىتىگە چىن كۆڭلىدىن رەھمەت ئېيتىدۇ، ‹كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ مېھرىبانلىقى، خۇاڭخې دەرياسى سۈيىنىڭ تاتلىقلىقى›نى ھەقىقىي ھېس قىلدۇق!»

ئۇ بىر پارچە كونا سۈرەتنى چىقاردى. ئۇ، شىخەيگۇدىكى يۇرتىدىن كۆچكەندە تارتىلغانىدى.

ئۇ يەردە تاغلار چوڭ، جىلغىلار چوڭقۇر، ئۆيلەر كونا، ئەبجەق بولۇپ، كىشىلەر تەبىئەتكە تايىنىپ جان باقاتتى، «بىر خالتا ئۇرۇق تېرىلسا، بىر دوپپىچىلىكلا ھوسۇل ئالغىلى بولاتتى.» باش شۇجى شى جىنپىڭ سۈرەتنى قولىغا ئېلىپ سىنچىلاپ قاراپ، ئىختىيارسىز ھاياجانلىنىپ: «ئىلگىرىكىنى بۈگۈنكىگە سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ، خۇددى بىر ئەسىر ئۆتكەندەكلا!» دېدى.

كەنتتە، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئالايىتەن نامراتلارنى يۆلەش سېخىنى تەكشۈرۈپ مۇنداق دېدى: «كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، بىرنەچچە ئېغىز چىرايلىق ئۆي سالغان بىلەنلا بولمايدۇ. يۇرتداشلار كۆچۈپ چىققاندىن كېيىن، مۇقىم تۇرالايدىغان، بېيىيالايدىغان بولۇشى كېرەك، شۇندىلا يىلتىز تارتقىلى بولىدۇ».

بۇ، فۇجيەن ـ نىڭشيا ھەمكارلىقىدىكى نامراتلارنى يۆلەش زاۋۇتى ئىدى، سېختىكى ئىشچىلارنىڭ ھەممىسى يېقىن ئەتراپتىكى كەنت ئاھالىسى بولۇپ، كۆپىنچىسى ياشانغان، ئاجىز، كېسەلچان ئىدى. ئۇلار ئەسلىدە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشتىكى كەمتۈكلۈك بولۇپ، بۈگۈنكى كۈندە ئىشىك ئالدىدا ئىشلەپ، ھەر كۈنى قەغەز يەشىكلەرگە تۇتقۇچ ئورنىتىپ، ئايدا 1000 يۈەن ئەتراپىدا كىرىم قىلىدۇ.

سېخ مەسئۇلى باش شۇجىغا بىر ـ بىرلەپ تونۇشتۇردى. تونۇشتۇرۇپ كەنت ئاھالىسى لاۋ سۇڭغا كەلگەندە، باش شۇجى ئۇنىڭدىن قانچە ياشقا كىرگەنلىكىنى سورىدى، لاۋ سۇڭ باش شۇجىغا ئۆزىنىڭ بۇ يىل 63 ياشقا كىرگەنلىكىنى ئېيتتى، باش شۇجى شى جىنپىڭ سەمىمىيلىك بىلەن: «سىز تېخى مەندىن كىچىك ئىكەنسىز!» دېدى. كەنت ئاھالىسى لاۋ جېڭ بۇ يىل 67 ياشقا كىرگەن بولۇپ، باش شۇجى: «ئىككىمىز تەڭتۇش ئىكەنمىز!» دېدى.

باش شۇجىنىڭ بۇنداق چىقىشقاق، مۇلايىملىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغان لاۋ جېڭنىڭ خۇشاللىقىدىن ئاغزى قۇلىقىغا يەتتى. بۇلتۇر نامراتلارنى يۆلەش سېخى ئىشچى قوبۇل قىلىش ئېلانى چىقارغاندا، ئۇ بىرىنچى بولۇپ زاۋۇتقا كەلگەنىدى. ئۇ باش شۇجىغا مۇنداق دېدى: «كۈنلىرىمىز ئاللىبۇرۇنلا ياخشى بولۇپ كەتتى، بۇ يەردە ئىشلەش ئارقىلىق ھەم ئائىلىنىڭ قوشۇمچە خىراجىتىنى تاپقىلى بولىدۇ، ھەم كۆپچىلىك بىلەن پاراڭلىشىپ مۇڭداشقىلى بولىدۇ، بەكلا ياخشى!»

سېخ تېمىدىكى بىر قۇر لوزۇنكا كىشىنىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى تارتاتتى: «مەن ئائىلەمدىكىلەر بىلەن بىللە ھاللىق جەمئىيەتكە ئاتلىنىمەن».

باش شۇجى سېخ مەسئۇلىغا مۇنداق دېدى: نامراتلارنى يۆلەش سېخى قۇرۇشتىكى مەقسەت نامراتلارنى يۆلەش، سېخنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خاراكتېرىدە چىڭ تۇرۇپ، قىيىنچىلىقى بار يۇرتداشلارنى كۆپرەك قوبۇل قىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك. كارخانىلارنىڭ نامراتلارنى يۆلەش سېخى قۇرۇشقا قاتنىشىشى ئالدىن بېيىغانلارنىڭ كېيىنكىلەرنى بېيىشقا يېتەكلىگەنلىكى بولۇپ، ناھايىتى ئەھمىيەتكە ئىگە.

## شال چېچىكىنىڭ خۇشبۇيى ھىدى ئىچىدە مەمۇرچىلىق ھەققىدە سۆزلىشىش

خۇاڭخې بولغاچقا نىڭشيا باياشات. خۇاڭخې دەرياسى چىڭتوڭشيا جىلغىسىدىن ئېقىپ چىققاندىن كېيىن، ئۇركەشلەپ ئېقىشتىن ھەيۋەت بىلەن ئېقىشقا ئۆزگىرىپ، تىنما تۈزلەڭلىكنى شەكىللەندۈرگەن، بۇ تارىختا «خېتاۋ تۈزلەڭلىكى» دەپ ئاتالغان. يىنچۈەن تۈزلەڭلىكى خېتاۋ تۈزلەڭلىكىنىڭ غەربىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، «شىتاۋ» دەپ ئاتالغان. خەن، تاڭ سۇلالىسىدىن باشلاپ بۇ يەردە ئۆستەڭ چېپىپ سۇ باشلىنىپ، بوز يەر ئېچىپ ئېتىزلىقلار كېڭەيتىلگەن بولۇپ، «شىمالدىكى جياڭنەن بوستانلىقى» دەپ تەرىپلىنىپ كەلگەن.

خېلەن ناھىيەسى يىنچۈەن تۈزلەڭلىكىنىڭ يادرولۇق رايونىغا جايلاشقان. يېزغىرىم ئىسسىققا قارىماي، باش شۇجى شى جىنپىڭ داۋيۇ كۇڭجيەن يېزا ـ كەنت ئېكولوگىيە سەيلە ـ ساياھەت باغچىسىغا كەلدى. بۇ ئېكولوگىيە سەيلە ـ ساياھەت باغچىسىنىڭ مۇنداق نۇرغۇن يېڭىلىق يارىتىش ئۇسۇلى بار ئىدى: شاللىقتا ھەم شال تېرىلدى ھەم بېلىق، قىسقۇچپاقا باقتى، بېلىق، قىسقۇچپاقىلار شاللىقنى ئوغۇتلىدى؛ دېھقانلار يەرنى ئوبوروت قىلدى، يەنە ئىشلەمچىلىك قىلىش ۋە پاي قوشۇش ئارقىلىق ھەم ئىشچى ھەم پايچېك بولدى؛ ساياھەتچىلەر سەيلە ـ ساياھەت قىلغاندىن باشقا يەنە ئېبىسل تائاملارغا ئېغىز تەگدى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋالدى. بۇ بىر مۇكەممەل ئېكولوگىيە زەنجىرى، شۇنداقلا ئۇزارتىلغان كەسىپ زەنجىرى.

نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ ھاللىق جەمئىيەتكە ئاتلىنىش يولىدا، نىڭشيا زامانىۋى خاس يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتىدىن ئىبارەت تىپ ئۆزگەرتىش يولى ئۈستىدە ئىزدەنمەكتە.

باش شۇجى شى جىنپىڭ تونۇشتۇرۇشنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بېشىنى لىڭشىتىپ قۇۋۋەتلەپ مۇنداق دېدى: «بۇ يەردە ‹1 ـ كەسىپ›لا ئەمەس، يەنە ‹2 ـ كەسىپ›، ‹3 ـ كەسىپ› بار ئىكەن، سۇ بايلىقىدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمى ئېشىپتۇ، قوشۇمچە قىممىتىمۇ ئېشىپتۇ».

نىڭشيانىڭ خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى كۆرگەزمە زالىدا، كۆككاتلار يېڭى، بېلىقلار يوغان بولۇپ، مېۋە ـ چېۋىلەر خۇش ھىد چاچاتتى. باش شۇجى شى جىنپىڭ بىر ـ بىرلەپ زەن قويۇپ كۆردى. قىپقىزىل قاپاق لازا، قاپقارا شوخلا، گۆشلۈك ئالقات، يۇمشاق تەنياڭ قوي گۆشى... ھەممىسىلا نىڭشيانىڭ خاس مەھسۇلاتلىرى ئىدى. يۇقۇم يۈز بەرگەندىن بۇيان، بۇ يەردىكى يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتى ئەلا، سورتى ياخشى بولغاچقا، سېتىلىش يولى ئانچە چوڭ تەسىرگە ئۇچرىمىدى، بەلكى سوغۇق ساقلاش زەنجىرى ترانسپورتى ئارقىلىق يېڭى بازار ئاچتى. باش شۇجى مۇنداق تەكىتلىدى: «ئىچكى ئېھتىياجنى كېڭەيتىشنى ئىستراتېگىيەلىك ئاساسىي نۇقتا قىلىشىمىز كېرەك. جۇڭگونىڭ ئۆزى بىر چوڭ بازار، 1 مىليارد 400 مىليون نوپۇسى بار ئىستېمال بازىرى. بازارنى ئېچىش يۇقىرى سۈپەتلىك مەھسۇلاتقا موھتاج، ‹كۆكتاتنىڭ ئورنىغا قوغۇن ـ تاۋۇزنى دەسسىتىش›تەك تۆۋەن سەۋىيەلىك قۇرۇلۇش قىلىشقا بولمايدۇ».

باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنارغا چىقىپ، يىراققا نەزەر سالدى. 1000 مو شاللىقتا يېشىل دولقۇن مەۋج ئۇراتتى.

ئۇ ئېتىز قىرىنى بويلاپ مېڭىپ شاللىققا ئېچكىرىلەپ كىردى. ئېتىزدا ئىشلەۋاتقان كەنت ئاھالىلىرى باش شۇجىنى كۆرۈپ، بەس ـ بەستە ئولىشىپ كەلدى.

ئۇلارنىڭ ھەممىسى يېقىن ئەتراپتىكى كەنت ئاھالىلىرى بولۇپ، ئايلىق ئىش ھەققى 3000 يۈەندىن ئاشىدىكەن، يىل ئاخىرىدا يەنە پايدا تەقسىملەپ بېرىلىدىكەن. بىر ياش كەنت ئاھالىسى كۈلۈپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: «تېرىۋاتقىنىمىز ئۆزىمىزنىڭ يېرى، ئۆزىمىزگە ئىشلەۋاتىمىز!» ئۇ باش شۇجىغا مۇنداق دېدى: بىر مو يەرنىڭ بىر يىللىق يەر ئوبوروت ھەققى 800 يۈەن، يۇرتداشلاردىن يەرنى كۆپ ئوبوروت قىلغانلىرى 40 ـ 30 مو يەرنى، ئاز قىلغانلىرى ئون نەچچە مو يەرنى ئوبوروت قىلدى، بۇنىڭ ئۆزىلا ئاز بولمىغان كىرىم ھېسابلىنىدۇ.

«كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى پايچېك بوپتۇ!» باش شۇجىنىڭ يۇمۇرىستىك سۆزىدىن يۇرتداشلار ئىچ ـ ئىچىدىن كۈلۈپ كېتىشتى.

جەمئىيەت مەبلىغىنى كىرگۈزۈش، كارخانىلاشتۇرۇپ تىجارەت قىلىش، دېھقانلار كەڭ كۆلەمدە قاتنىشىش، «يەرنى پاي قىلىپ قوشۇش»، «ئاشلىق بانكىسى»، «قەرز پۇل كېپىللىك فوندى» قاتارلىق يېڭى ئەندىزىلەر بارلىققا كەلدى... ئىلگىرىكى شاللىق كەسىپ باغچە رايونىغا ئايلاندى، ئىلگىرى ئېتىزدا ئىشلەشنىلا بىلىدىغان دېھقانلار بىر ـ بىرلەپ يېڭى ئۇقۇم، يېڭى تېخنىكىلارنى ئۆگىنىشكە باشلىدى. باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق تاپىلىدى: «يېزا ـ كەنت كەسىپلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، چوقۇم دېھقانلارنىڭ سۇبيېكتلىق ئورنىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، باشتىن ـ ئاخىر دېھقانلارنىڭ مەنپەئىتىگە كاپالەتلىك قىلىشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش كېرەك، دېھقانلارنىڭ تەرەققىي قىلىش ئىقتىدارىنى تارتتۇۋېلىشقا ياكى ئاجىزلاشتۇرۇشقا بولمايدۇ. دېھقانلارنىڭ يېرىنى ئېلىپ كېتىپ، ئىشلار تازا روناق تاپقاندا، دېھقانلار بىلەن كارى بولماسلىققا بولمايدۇ. ئورتاق بېيىش كېرەك».

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: يېزا ئىگىلىكىنىڭ تىپىنى ئۆزگەرتىپ تەرەققىي قىلىشقا تۈرتكە بولۇش نىڭشيانىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش تېمىسىدا بولۇشقا تېگىشلىك مەزمۇن. نىڭشيا خۇاڭخې دەرياسىنىڭ سۇ بايلىقىنى قەدىرلەپ، شال ـ سۇ زىددىيىتىنى ياخشى ھەل قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، يېزا ئىگىلىك كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، سۇ تېجەش تىپىدىكى، يۇقىرى قوشۇلما قىممەتلىك تېرىقچىلىق، باقمىچىلىقنى پائال راۋاجلاندۇرۇشى كېرەك.

نىڭشيادا، خۇاڭخې دەرياسى «ئانا دەريا»، خېلەنشەن تېغى «ئاتا تاغ» دەپ ئاتىلىدۇ. خۇاڭخې دەرياسىنىڭ سۈيى بۇ تۇپراقنى ئوزۇقلاندۇرۇپ كەلمەكتە، خېلەنشەن تېغى قۇملۇقنىڭ شەرققە يۆتكىلىشىنى توسۇپ، بۇ تۈزلەڭلىكنى قوغدىماقتا.

باش شۇجى شى جىنپىڭ ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ خېلەنشەن تېغىنىڭ شەرقىي ئېتىكىدىكى خۇاڭخې دەرياسى ساھىلىغا كەلدى. كۆرگەزمە تاختىسىدىكى سۈرەتتە كۆرسىتىلىشىچە، ئىلگىرى ئوغرىلىقچە كولاش، ئوغرىلىقچە قېزىشتىن قالغان قالايمىقان ئورەكلەر يەرنى ئۆتمە ـ تۆشۈك قىلىۋەتكەن بولۇپ، تۈزىگەندىن كېيىنمۇ ئىزنى يەنىلا ئانچە ـ مۇنچە پەرقلەندۈرگىلى بولاتتى. باش شۇجى كۆرگەزمە تاختىسىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، يىراقتىكى ھەيۋەتلىك خېلەنشەن تېغىغا نەزەر سېلىپ، چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ، ئېكولوگىيەنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ناھايىتى زور بەدەل تۆلەشنى تەلەپ قىلىدۇ، لېكىن قىلچە بىپەرۋالىق قىلىشقا بولمايدۇ، جەزمەن زور كۈچ سەرپ قىلىپ ياخشى تۇتۇش كېرەك، دېدى. نىڭشيا دەريا ساھىلىنى تۈزەش ئارقىلىق، ئۈزۈم ئۆستۈرۈشنى راۋاجلاندۇرۇپ، ھەم كەسىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ھەم ئېكولوگىيەنى ياخشىلاپ، كېرەكسىز نەرسىنى گۆھەرگە ئايلاندۇردى، ئىلھاملاندۇرۇشقا ئەرزىيدۇ.

## سېرىق تۇپراقتىكى سېغىنىش

بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ بۇ يىللىق مەملىكەتلىك ئىككى يىغىندىن كېيىن تۇنجى قېتىم «يىراق سەپەر»گە چىقىشى ئىدى.

خەلقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش دېگەن نېمە؟ مەملىكەتلىك ئىككى يىغىندا ئۇ مۇنداق دېدى: «بىز بۇ بىر ئەۋلاد كىشىلەردە مۇنداق بىر رىشتە بار، چوقۇم پۇقرالىرىمىزنى ياخشى كۈنگە ئېرىشتۈرۈشىمىز، بولۇپمۇ دېھقانلىرىمىزنى يۆلىشىمىز كېرەك».

سېرىق تۇپراقتىكى رىشتە، سېرىق تۇپراقتىكى سېغىنىش. نىڭشيادا تەكشۈرۈشتە بولغان مەزگىلدە، باش شۇجى شى جىنپىڭ يەنە بىر قېتىم مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: «مەيلى ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ياكى زامانىۋىلاشتۇرۇش بولسۇن، بىر ئاز سانلىق مىللەتمۇ كەم قالسا بولمايدۇ. ھەر مىللەت ئاما بىر چوڭ ئائىلە، قول تۇتۇشۇپ تەڭ ئىلگىرىلىشى كېرەك».

«جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ئىلگىرى نامراتلارنىڭ پارتىيەسى ئىدى، ھاكىمىيەتنى ئېلىش نامراتلارنىڭ قەد كۆتۈرۈپ ئازادلىققا ئېرىشىشى ئۈچۈن ئىدى. ھاكىمىيەتنى ئالدۇق، پۇقرالارنى بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈشىمىز كېرەك. يېڭى جۇڭگونىڭ قۇرۇلغىنىغا 70 يىلدىن ئاشتى، تۈرلۈك جاپا ـ مۇشەققەت ۋە خەۋپ ـ خەتەرنى باشتىن كەچۈردۇق، تۈرلۈك قىيىنچىلىق ۋە خىرىسلارغا دۇچ كەلدۇق، بىز ھەممىنى يەڭدۇق، بۇنىڭدا ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاشقا تاياندۇق».

ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش، نامرات نوپۇسنىڭ ھەممىسىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش پارتىيەمىزنىڭ تارىخقا، خەلققە بەرگەن تەنتەنىلىك ۋەدىسى. پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى مىسلىسىز سالماق بىلەن نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويدى، نامرات نوپۇس 2012 ـ يىلىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى 98 مىليون 990 مىڭ كىشىدىن 2019 ـ يىلىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى 5 مىليون 510 مىڭ كىشىگە ئازايدى، ھەر يىلى، ھەر ئاي، ھەتتا ھەر كۈنى نامراتلارنىڭ ئازىيىش سانىدا ئۆزگىرىش بولۇۋاتىدۇ.

باش شۇجى ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: بىز 1921 ـ يىلى پارتىيە قۇرۇلغاندا تىكلىگەن ئىرادىمىز بويىچە ئىزچىل ئىشلەپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇشقا قاراپ قەدەممۇقەدەم جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلىدۇق. بۇ يىل بىز بىرىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىمىز. ھاللىق سەۋىيەگە يەتكەن ـ يەتمىگەنلىكتە مۇھىمى پۇقرالارنىڭ تۇرمۇشىغا قاراش كېرەك، مۇھىمنىڭ مۇھىمى نامراتلارنى يۆلەشتۇر. نۆۋەتتىكى ئەھۋالدىن قارىغاندا، ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان ئۆلچەمدىكى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشقا ئىقتىدارىمىز يېتىدۇ.

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا قالتىس نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردۇق، بۇ زامانىمىزدىكى ئەڭ جانلىق، ئەڭ ھەقىقىي، ئەڭ قايىل قىلارلىق جۇڭگو ھېكايىسى.

ئىش باشلىنىشىدا ئاسان بولغىنى بىلەن، ئاخىرلىشىشقا ئاز قالغاندا ھامان تەسلىشىپ كېتىدۇ. قانچە ئاخىرىغا بارغانسېرى، ھەل قىلىش ئەڭ قىيىن بولغان ئەڭ قاتتىق قىيىنچىلىققا دۇچ كېلىمىز؛ تۇيۇقسىز تارقالغان يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسىنى يەنە ئاشۇرۇۋەتتى. 2016 ـ يىلى باش شۇجى شى جىنپىڭ نىڭشياغا كېلىپ تەكشۈرۈشتە بولغاندا، «ئۆز جايىدىن ماتېرىيال ئېلىپ» مۇنداق ئوخشاتقانىدى: «خۇددى ليۇپەنشەن تېغى ئەينى يىلى قىزىل ئارمىيە ئۇزۇن سەپەردە ھالقىيدىغان ئەڭ ئاخىرقى ئېگىز تاغ بولغىنىدەك»، نامرات نوپۇسنىڭ ھەممىسىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش بىز ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا جەزمەن ھالقىيدىغان ئەڭ ئاخىرقى ئېگىز تاغ.

تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش مەزگىلىدە، باش شۇجى نىڭشيادىكى نامرات نوپۇسنىڭ 2012 ـ يىلىدىكى 900 نەچچە مىڭدىن بۇلتۇرقى 18 مىڭ 800گە ئازايغانلىقىنى ئىگىلىدى، ئۇ كۆڭۈل بۆلۈپ مۇنداق سورىدى: «قايتا نامراتلىشىپ كەتكەنلەر كۆپمۇ؟ قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ سەۋەبى نېمە؟»

«قايتا نامراتلىشىپ كېتىشكە كۆپىنچە چوڭ كېسەل، ئېغىر كېسەل سەۋەب بولىدى، بۇلتۇر نىڭشيادا نەچچە ئون ئائىلە قايتا نامراتلىشىپ كەتتى، بۇ يىلمۇ ئاز ساندىكى ئاما ئىش ئورنىغا قايتىشتا قىيىنچىلىققا ئۇچراپ، يۇقۇم سەۋەبىدىن قايتا نامراتلىشىپ كەتتى» دېدى ئاپتونوم رايوندىكى يولداش دوكلات قىلىپ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: «ھەممىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش دېگەنلىك نامراتلىق تۈگىدى، بىر قېتىملىق ئەجىر بىلەن جاپادىن مەڭگۈ خالاس بولدۇق دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش تارىخىي باسقۇچىنىڭ تاماملانغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. نىسپىي نامراتلىق مەسىلىسى مەڭگۈ مەۋجۇت، بىزنىڭ قىيىنچىلىقى بار ئاممىغا ياردەم بېرىش ـ يۆلەش ۋەزىپىمىزنىڭ مەڭگۈ چېكى يوق».

«مەن نامراتلىق قالپىقىنى ئېلىۋېتىشنىڭ ئاخىرقى نۇقتا ئەمەسلىكىنى، بەلكى يېڭى تۇرمۇش، يېڭى كۈرەشنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى ئىكەنلىكىنى كۆپ قېتىم تەكىتلىدىم. كىشىلەرنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئېھتىياجىنىڭ كۈنسېرى ئېشىشىغا ئەگىشىپ، بىز خىزمەتنى يەنە ئۈزلۈكسىز يۈكسەلدۈرۈپ، ياردەم بېرىش ـ يۆلەش ساھەسىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىشىمىز كېرەك. كەلگۈسىدە يېزىلاردىكى نىسپىي نامرات ئاممىغا ياردەم بېرىش ـ يۆلەش خىزمىتىنى يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىگە كىرگۈزۈش كېرەك».

ۋۇجۇڭ شەھىرى لىتۇڭ رايونى جىنخۇايۈەن مەھەللىسىدىكى ۋاڭ لەنخۇا جۇمھۇرىيەت بىلەن تەڭ ياشتىكى پېشقەدەم نەمۇنىچى، مەھەللە پىدائىيلىرىنىڭ باشلامچىسى. ئۇ باش شۇجىنى كۆرۈپ، ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: «2016 ـ يىلى سىز نىڭشياغا كېلىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدىڭىز، سىزنىڭ قىلغان بىر جۈملە سۆزىڭىزنى مەن پەقەت ئۇنتۇمىدىم ــ ‹سوتسىيالىزم ئىشلەپ يارىتىلغان›. شۇ چاغدا بۇنى ئاڭلاپ كۆز ياشلىرىم تاراملاپ تۆكۈلگەنىدى. دۆلەتنىڭ تەرەققىي قىلىپ بۈگۈنكى كۈنگە كېلىشى ئاسان ئەمەس، بىرقەدەم بىرقەدەمدىن ئىشلەپ يارىتىلغان».

«بۇنىڭ ئىچىدە سىز ۋە كەڭ پىدائىيلارمۇ بار، كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى ئىشلەۋاتىدۇ!» باش شۇجىنىڭ سۆزى ئىللىق ھەم ئۇرغۇلۇق ئىدى.

«خىزمىتىمىزدە يەنە نۇرغۇن كۆڭۈلدىكىدەك بولمىغان جايلار بار، بىز قىلىدىغان ئىشلار يەنە ناھايىتى كۆپ. لېكىن، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت سىجىل، ئۈزلۈكسىز تىرىشسا، خەلق ئاممىسى ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلسا، بىز چوقۇم تېخىمۇ ياخشى، تېخىمۇ بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشەلەيمىز. بىزدە ئىشەنچ بولۇشى كېرەك».

خۇڭدې كەنتىدىكى لاۋ ليۇ ئائىلىسىنىڭ مېھمانخانىسىدا تەشتەك ـ تەشتەك گۈللەرنىڭ خۇش ھىدى كىشىگە ھۇزۇر بېغىشلايتتى. ئىلگىرى، يۇرتداشلار تاغ جىلغىلىرىدا تۇراتتى، تويغۇدەك تاماق يېيەلمەيتتى، گۈل بېقىشقا نەدىمۇ رايى بولسۇن. بۈگۈنكى كۈندە، خۇڭدې كەنتىدىكى ھەممە ئائىلە دېگۈدەك نەچچە تەشتەك گۈل سېتىۋالدى.

دېرىزىلەر يورۇق، پاكىز بولۇپ، قۇياش نۇرىدا تەشتەك ـ تەشتەك گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلىپ تۇراتتى.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، يىنچۈەن، 6 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**